# ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرايلى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

تەرەققىيات نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ماددىي جەھەتتىلا قۇدرەت تېپىپ قالماستىن، مەنىۋى جەھەتتىمۇ قۇدرەت تېپىشىمىز كېرەك. مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى مېغىزلىق يىغىنچاقلاپ: ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى ۋە ھۈنەرۋەن روھى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، دەپ كۆرسەتتى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

«تىرىشچان كىشى ياخشىلىققا ئۈندىگۈچىدۇر.» ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئامما «بىز ئىشچىلارنىڭ كۈچىمىز بار» دېگەن ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭراتتى، بولۇپمۇ يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ مۇساپىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇردى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئۇزاق ئەمەلىيەت داۋامىدا، بىز ئىش ئورنىنى سۆيۈپ كەسپىنى قەدىرلەيدىغان، تىرىشىپ ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن بولىدىغان، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، دادىل يېڭىلىق يارىتىدىغان، نام ـ مەنپەئەتكە بېرىلمەيدىغان، ئۆزىنى بېغىشلاشنى خالايدىغان ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى، ئەمگەكنى قەدىرلەيدىغان، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىدىغان، سەمىمىي ئەمگەك قىلىدىغان ئەمگەك روھىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆڭۈل قويىدىغان، تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىدىغان، قىلچە بىخەستەلىك قىلمايدىغان، قالتىس قىلىشنى قوغلىشىدىغان ھۈنەرۋەن روھىنى يېتىلدۈردۇق، شەكىللەندۈردۇق.» ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللەت روھى ۋە ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى يادرو قىلغان دەۋر روھىنىڭ جانلىق ئىپادىسى. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا، دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشتە مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى مىللەتنىڭ سەرخىللىرى، خەلقنىڭ ئۈلگىلىرى، جۇمھۇرىيەتنىڭ تۆھپىكارلىرى.» پارتىيە ۋە دۆلەت ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشتىن ـ ئاخىر يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 2015 ـ يىلدىن بۇيان، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە ئىش ئورنىنى سۆيۈپ كەسپىنى قەدىرلەيدىغان، جاسارەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىدىغان، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغان، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلايدىغان زور بىر تۈركۈم ئىلغار، نەمۇنىچى شەخسلەر بارلىققا كەلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن 1689 كىشىگە مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ نام بېرىشنى، 804 كىشىگە مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بېرىشنى قارار قىلدى. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئەمگەكچى ئامما ئارىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلار ئاددىي ئىش ئورنىدا قالتىس نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى نامايان قىلىپ، جۇڭگو خەلقىدە بار بولغان ئۇلۇغ ئىجادچانلىق روھى، ئۇلۇغ كۈرەش روھى، ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىق روھى، ئۇلۇغ ئارزۇ روھىنى شەرھلەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە ئۆگىنىش ئۈلگىسى تىكلەپ بەردى. كەڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر خىسلىتىنى ساقلاپ، داۋاملىق جان تىكىپ ئىشلەپ، ئۈلگىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، غەيرىتى، شىجائىتى، ئىجتىھاتى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنى تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

ئەمگەك بارلىق بەختنىڭ مەنبەسى. «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. كەلگۈسى قانچە گۈزەل بولغانسېرى، بىزنىڭ شۇنچە جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئامما داۋاملىق ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنىڭ يۈكسەك روھى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى ئارقىلىق ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئەمگەك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ھۈنەرۋەن مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، كەسىپ ئەخلاقىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش، سەمىمىي ئەمگەك قىلىش، ئىجادىي ئەمگەك قىلىشنى ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىغا كۆيۈنۈپ، ئەمگەكنى ھۆرمەتلەش، بىلىمنى ھۆرمەتلەش، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەش، ئىجادىيەتنى ھۆرمەتلەش فاڭجېنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ تەمىناتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنىڭ بەس ـ بەستە مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. پۈتۈن جەمئىيەتتە ئەمگەكنى قەدىرلەپ، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، ئەمگەك ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، ھۈنەرۋەن ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، ئەمگەك ئەڭ شەرەپلىك، ئەمگەك ئەڭ يۈكسەك، ئەمگەك ئەڭ ئۇلۇغ، ئەمگەك ئەڭ گۈزەل دەيدىغان جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. ئەمگەك ئارقىلىق بەخت يارىتىشنى باش تېما قىلغان تەشۋىقات ـ تەربىيەنى قانات يايدۇرۇپ، ئەمگەك تەربىيەسىنى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا كىرگۈزۈپ، ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەرقايسى ئوقۇش باسقۇچلىرى ۋە ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش شەرەپ، راھەتكە يۈگۈرۈپ جاپادىن قېچىش نومۇس دەيدىغان ئەمگەك قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىجتىھات بىلەن ئەمگەك قىلىدىغان، ئەمگەك قىلىشقا ماھىر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

«ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇلۇغ غايىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇلۇغ ئىشلارنى تاماملاش ھارماي ـ تالماي تىرىشىپ خىزمەت قىلغانلىقتىن.» جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشىنى يارىتىشتا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق، ھەربىرىمىزنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشىمىز ۋە جاپالىق تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ كەسپىنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، دادىل ئىجاد قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئەمگەكچىلەر ناخشىسىنى ئۈزلۈكسىز پۈتەيلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«يىل بېشىدا بېكىتىلگەن 5000 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىز ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، سۈرئەت قوغلىشىۋاتىمىز.» گۇاڭجوۋ ئاپتوموبىل گۇرۇھى يولۇچى ئاپتوموبىلى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى يەن گۇيدۇڭ مۇنداق دېدى: شىركىتىمىز ئىشلەپچىقارغان ئاپتوموبىللار غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا ئۆزلۈكسىز توشۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش تەڭلا ئاۋات بولۇشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

شەنشى ئاپتوموبىل گۇرۇھى شىنجاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى شىنجاڭدىكى بىرىنچى پۈتۈن ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش، ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2012 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، جەمئىي 23 مىڭ 700 ئېغىر تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى ئىشلەپچىقاردى، 7 مىليارد يۈەنگە يېقىن ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇردى.

قەدەم پۇختا ئېلىندى، شىنجاڭ ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە «سۈرئەتنى تېزلىتىش» باشلىنىۋاتىدۇ.

سانائەت ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭدا كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى يىلدىن ـ يىلغا ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.7% ئەترابىدا ئاشتى، سانائەتتىكى ئىستراتېگىيەلىك يېڭى گۈللىنىدىغان كەسىپلەر ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق ياسىمىچىلىق ئۇدا تۆت يىل ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئېشىشنى ساقلىدى، سانائەت ئىقتىسادى «ئىلگىرىلەش» بىلەن «ياخشىلىنىش» يۆنىلىشىگە قاراپ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى.

ئىدىيە ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىندى، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق سەھىپە پۈتۈلدى.

بەش يىلدىن بۇيان، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىش ئارقىلىق، تەرەققىياتتىكى قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىنىپ، تەرەققىيات ئەۋزەللىكى ئاشۇرۇلدى، بىر مەيدان قاينام تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىسلاھات شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى ——

يېڭىلىق يارىتىش بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى، ماس بولۇش ئىچكى ئالاھىدىلىككە ئايلاندى، يېشىل بولۇش ئومۇمىيۈزلۈك ھالەتكە ئايلاندى، ئېچىۋېتىش بولۇش مۇقەررەر يولغا ئايلاندى، ھەممىبەھرە بولۇش تۈپ مەقسەتكە ئايلاندى.

بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى ئاچقۇچلۇق نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە مۇرەككەپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈردى، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى، مۇقىملىق ئارقىلىق پايدا قويۇپ بېرىلدى، تەرەققىيات ئارقىلىق خەلق رايى مۇجەسسەملەندى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىجىل ياخشىلاندى ——

2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 919 مىليارد 590 مىليون يۈەندىن 1 تىرىليون 359 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.2% ئاشتى. ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت كىرىمى 128 مىليارد 230 مىليون يۈەندىن 157 مىليارد 760 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.7% ئاشتى.

### تىپى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تېز بولدى تەرەققىياتنىڭ ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك بولدى

خېمىرنى يۇغۇرۇپ بولدۇرۇش، زۇۋۇلا ئۈزۈپ نان راسلاش، چەككۈچ چېكىش، تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇش. بىردەمدىلا تونۇردىن قومۇرۇلغان نانلار دۆۋىلەندى. «ھازىر، مەن ھەر كۈنى ئۈچ خالتا ئۇن تۈگىتىمەن، ئايلىق كىرىمىم 6000 يۈەن ئەترابىدا» دېدى يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئودانلىق بازىرى پەيزاۋات كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئىبادەت ئوسمان خۇشاللىق بىلەن.

سانائەتلىشىشنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى قايتا يارىتىشىغا ئەگىشىپ، بۈگۈنكى كۈندە نان شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسپىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسىپلەر باغچىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 مىڭ نان ئىشلەپچىقىرىپ، 1000دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىگىلىك تىكلەپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

نانچىلىق كەسپى شىنجاڭنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ كارتىنىسى بولدى. «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە تەرەققىيات قاتلىمى ئەلالاشتى، ئۆستى، ئۈچ چوڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى 2016 ـ يىلدىكى 15.3 : 35.8 : 48.9دىن 2019 ـ يىلدىكى 13.1 : 35.3 : 51.6گە تەڭشىلىپ، مۇلازىمەت كەسپى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە شىنجاڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى نورمال ھالىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەرەققىياتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

تارىم ئويمانلىقىنى چۆرىدىگەن خاس باغ ـ ئورمانچىلىق بازىلىرىنىڭ كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشتىن ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ كۆلەملەشكەن باغۋەنچىلىك بازىلىرىدىكى كەسىپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغىچە؛ يۇمشاق دېتال ۋە ئۈچۈر كەسپىدىكى بۇلۇتتا «ئەقىل» توپلاشتىن، چوڭ تىپتىكى ياسىمىچىلىق كەسپىدە تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىشقىچە... بۈگۈنكى شىنجاڭ تۇپرىقىدا يۈرسىڭىز كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ جاراڭلىق ساداسىنى ھەممىلا يەردە ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ 1 ـ كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كېۋەزنى ئەلالاشتۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باغۋەنچىلىكنى كۈچەيتىپ، خاس كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى ۋە تىجارەت سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلدى؛ 2 ـ كەسىپتە مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نېفىت، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى پائال يېتىلدۈردى، راۋاجلاندۇردى؛ 3 ـ كەسىپنى زور تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇلازىمەت كەسپىنى زورايتىش، ئەلالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بەردى. ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنىڭ زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ساياھەتچىلىك يېتەكلەش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك، پۇقرالارغا بەخت يارىتىشى ئەڭ كەڭ بولغان خەلقنى بېيىتىش كەسپىگە ئايلانماقتا.

### «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى يېڭى ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇتۇلدى

100 تۈردە «ئىجازەتنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىش» ئىسلاھات ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، «26 كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ 50 تۈردىكى سانائەت مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۆت تۈردىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئىجازەتنامە بېرىلىدىغان كارخانىلارغا قارىتا «ئاۋۋال ئىجازەتنامە بېجىرىش، ئاندىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش» يولغا قويۇلدى؛ كارخانا قۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ۋاقتى بەش خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋاقتى 120 خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىلدى، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىش ئىجازىتىنى كەڭ قويۇۋېتىشكە دائىر سىياسەت ـ تەدبىرلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى...

تەرەققىيات تۇپرىقىنى مۇنبەتلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن تېخىمۇ كۆپ بايلىق ۋە ئامىللارنىڭ توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، ئاندىن يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش، ئىجاد قىلىش ئارزۇسىنى قاناتلاندۇرغىلى بولىدۇ. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى، سودا مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجادچانلىقىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتتى.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىكى تىزىملىنىپ رويخەتكە ئېلىنغان بازار سۇبيېكتى 1 مىليون 109 مىڭ 600 بولغان؛ 2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، تىزىملىنىپ رويخەتكە ئېلىنغان بازار سۇبيېكتى 1 مىليون 996 مىڭغا يېتىپ، 2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 79.9% ئاشقان.

بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى مۇجەسسەملەيدىغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئېچىۋېتىشچان ۋە سىغدۇرۇشچان روھىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېڭى قان قوشتى، ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈمىدىنى بارلىققا كەلتۈردى.

يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشى شىنجاڭنى تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقىغا ئېرىشتۈردى. تېپىلغۇسىز مۇھىم، زور پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭ سىياسەتتە پىكىرلىشىش، ئەسلىھەنى تۇتاشتۇرۇش، سودىنى راۋاجلاندۇرۇش، مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈش ۋە خەلق قەلبىنى تۇتاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىشنى ئالغا سىلجىتماقتا.

2016 ـ يىلدىكى 223 نۆۋەت قاتناشتىن 2019 ـ يىلدىكى 1102 نۆۋەت قاتناشقىچە، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭدىن يولغا چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 170%لىك ئېشىش سۈرئىتى بىلەن چىرايلىق ئۆرلەش ئەگرى سىزىقىنى ياراتتى. «بىر پورت، ئىككى رايون، بەش چوڭ مەركەز، پورت ئىقتىساد بەلبېغى»نى يېتەكچى قىلىپ، ئېچىۋېتىش، ئىلگىرىلەشتەك تەرەققىيات كارتىنىسى شىنجاڭدا نامايان بولماقتا.

ۋاقىتنىڭ ۋاراقلىرى توختىماي ئېچىلىپ، تەرەققىيات تېمىسى كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلانماقتا. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە، شىنجاڭ تېخىمۇ تەشەببۇسكار قىياپەت، تېخىمۇ مۇستەھكەم قەدەم بىلەن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ يېڭى مەنزىلىگە قەدەم قويماقتا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)